# سىلەر (ئاياللار) ئۈچۈن جىهادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى گۇناھ ئارىلىشىپ قالمىغان ھەجدۇر

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: مەن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، جىهاد قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى ئىكەن، بىزمۇ جىهاد قىلمايلىمۇ؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر (ئاياللار) ئۈچۈن جىهادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى گۇناھ ئارىلىشىپ قالمىغان ھەجدۇر»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاياللار: «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ساۋابى كۆپرەكى ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىپ، دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇش» دەپ قارايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇلار ھەققىدە ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل بولغان، گۇناھ ئارىلاشمىغان ھەجدىن ئىبارەت بىر جىهادنى بايان قىلىپ بەردى. ھەج بەدەن قۇۋۋىتى ۋە مال-مۈلۈك سەرپ قىلىپ، نەپسى بىلەن كۆرەش قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن جىهاد دەپ ئاتالدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2759